# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 10 - ئاي

26

دۈشەنبە

维吾尔文 10 月26日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25226 - سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ پولشا زۇڭتۇڭى دۇداغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پولشا زۇڭتۇڭى دۇداغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، دۇدادىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنداق بىلدۈردى: زۇڭتۇڭ ئەپەندىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، مەن سىزدىن ھال سورايمەن، سالامەتلىكىڭىزنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى ماقالىسى ‹‹‹ 4 - بەتتە

## تىنچ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشلا جاھاندىكى توغرا يول

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

# يېڭى ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈش يېڭى مۇساپىنى باشلاش

## —— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىش پەيتىدە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ئەن بېي، چېن ۋېيۋېي، گاۋ جىڭ، شېن چېڭ

ئالتۇن كۈزدىكى بېيجىڭ يەنە بىر قېتىم پۈتۈن يەر شارىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلىدۇ.

بۇ، ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئەڭ ئېسىل پەيت ——

مۇھىم قارالما بولۇش سۈپىتىدە، يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى قاراپ چىقىلىپ، كەلگۈسى بەش يىلدىكى، ھەتتا 15 يىلدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈپ چىقىلىدۇ.

بۇ، كەلگۈسىگە ئىنتىلىشتىكى مۇھىم ئابىدە ——

«13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەر غەلىبىلىك تاماملىنىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، جۇڭگو «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ ئورگانىك جىپسىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلايدۇ، قەدەمنى ياخشى ئالىدۇ.

100 يىللىق كېسىشىش، پىلان تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى ۋە قويۇپ بېرىلىدىغان سىگنال جۇڭگو ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىشەنچ بېغىشلايدۇ.

**قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش**

جياڭشى ئۆلكىسى نەنچاڭ شەھىرىنىڭ شىنجيەن رايونى ليەنشۇ بازىرى شياشاتوۋ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ۋۇ خۋاشەن پوياڭخۇ كۆلىدە 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بېلىق تۇتقاندىن كېيىن، «قىرغاقتا چىقىپ» كەسىپ ئالماشتۇردى. بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتۇش چەكلەندى. ۋۇ خۋاشەنگە ئوخشاش كەسىپ ئالماشتۇرغان بېلىقچىلار 200 مىڭدىن ئاشىدۇ.

پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك پىلان تۈزۈش، ئەۋلادلارغا نەپ يەتكۈزۈشنى كۆزلەش.

2016 - يىلى 1 - ئايدا، «13 - بەش يىل» ئەمدىلا باشلىنىشى بىلەن، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنى چۇڭچىڭدا ئېچىلدى. كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى تەرەققىياتىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# يېڭى مۇساپىگە قاراپ داۋاملىق جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىگە قاراپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ داۋاملىق جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز.

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى خاتۇ ئالتۇن كېنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، دىرېكتور دۇەن ۋېيدۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۇلۇغ غەلىبىنى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى خوتەن ۋىلايىتىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

# ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىشنى ياخشى قىلىپ، ياخشى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر شيا گېڭشېڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىز 600دىن ئارتۇق نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرگۈچى خادىم ئاجرىتىپ قەشقەرگە جىددىي ياردەم بەردى

### قەشقەر ۋىلايىتىدە 2 مىليون 835 مىڭ 300 كىشىدىن نوكلېئىك كىسلاتاسى ئەۋرىشكىسى ئېلىندى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 137 يۇقۇملانغۇچى يېڭىدىن كۆپەيدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ جاۋاب خەت قايتۇرۇپ جۇڭگو شىجۇ تىياتىرى شۆيۈەنىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇردى

# ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش سۈپىتىنىڭ تەك ئۆسۈشى داۋامىدا سەنئەتنىڭ چىن مەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش داۋامىدا سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئەسلىي مەقسەتنى تاۋلاڭلار

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو شىجۇ تىياتىرى شۆيۈەنىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شىجۇ تىياتىرى سەنئىتىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىشنى ۋە ئۇنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇشنى سەمىمىي ئۈمىد قىلدى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: سىلەر، ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلار، ياشلار، ئۆسمۈرلەردىن بولۇپ تۆت ئەۋلاد ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىدىن كەلگەن خەتتە، جۇڭگو شىجۇ تىياتىرى شۆيۈەنىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن خۇشاللىنارلىق نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپتۇ، شىجۇ تىياتىرى سەنئىتىنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، سىلەردىن ھەم پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن سەمىمىي ھال سورايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىجۇ تىياتىرى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۆھىرى، شىجۇ تىياتىرى ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئادەمدە. جۇڭگو شىجۇ تىياتىرى شۆيۈەنىنىڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## جاۋاب خەت

**گو خەنچېڭ، دۇ جىنفاڭ، شاڭ چاڭرۇڭ، ما جىنفېڭ، سەي جېڭرېن، ليۇ شيۇرۇڭ قاتارلىق يولداشلار:**

ياخشىمۇ سىلەر! سىلەر، ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلار، ياشلار، ئۆسمۈرلەردىن بولۇپ تۆت ئەۋلاد ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىدىن كەلگەن خەتتە، جۇڭگو شىجۇ تىياتىرى شۆيۈەنىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن خۇشاللىنارلىق نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپتۇ، شىجۇ تىياتىرى سەنئىتىنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، سىلەردىن ھەم پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

شىجۇ تىياتىرى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۆھىرى، شىجۇ تىياتىرى ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئادەمدە. جۇڭگو شىجۇ تىياتىرى شۆيۈەنىنىڭ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئېسىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش سۈپىتىنىڭ تەك ئۆسۈشى داۋامىدا سەنئەتنىڭ چىن مەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش داۋامىدا سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئەسلىي مەقسەتنى تاۋلاپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

**شى جىنپىڭ**

2020 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

**3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى**

**تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

### چېن چۇەنگو قەشقەر ۋىلايىتىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ئىلمىي، دەل جايىدا بولغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇش كېرەك



**10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو قەشقەر ۋىلايىتىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.**

**سۈرەتتە: چېن چۇەنگو قەشقەر شەھىرىدىكى بىر ئاھالىلەر نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش نۇقتىسىدا تېببىي خادىملار بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشتى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان دوختۇر - سېسترالار ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى.**

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسى، قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، كوناشەھەر ناھىيەسى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى باشقا ناھىيە، شەھەرلەر بارلىق كىشىلەرنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى جىددىي، تەرتىپلىك قانات يايدۇرماقتا. نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نۇقتىسىدا، چېن چۇەنگو مەھەللە خىزمەتچىلىرى، تېببىي خادىملار ۋە ھەر مىللەت ئاھالىلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشتى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان دوختۇر - سېسترالار ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى ھەم كۆپچىلىككە مەشغۇلاتنى چوقۇم قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى ياخشى قوغداشنى تاپىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ھەر مىللەت ئاممىنى ياخشى تەشكىللەپ، نەق مەيدان تەرتىپىنى ياخشى قوغداپ، تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەش، ماسكا تاقاش، «بىر مېتىر ئارىلىق» قاتارلىق تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەۋرىشكە ئېلىش خىزمىتىنى بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان ئاممىغا بولغان مۇلازىمەت كاپالىتىنى تولۇق تاشقان قىزغىنلىق، چوڭقۇر ئىنچىكىلىك بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ كوناشەھەر گۇاڭجوۋ شىنچېڭ دوختۇرخانا رايونى بۇ قېتىمقى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش. قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھېيدەكچىلىك قىلىش

### قاراقاش ناھىيەسى:

# كەسىپلەرنى پۇختا تۇتتى نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، ليۇ يى، زوۋ يى، جۇڭ جاۋفېڭ

ئامانىسا ئابدۇقادىر ھۆرۈن ئەمەس، لېكىن ئىلگىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان بولسىمۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرى پەقەت تۇرمۇشنى قامدىغۇدەكلا ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئالالايتتى. «ئەمدى بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمايدۇ» دېدى ئامانىسا ئىككى كىچىك بالىسىغا قاراپ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

بۇرۇلۇش 2019 - يىلى كۆرۈلدى. كەنتتە موگۇ ئۆستۈرۈش كارخانىسى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە ئالدىرىغان ئامانىسا شۇھامان بېرىپ تىزىملىتىپ ئىشچى بولدى.

«مېنىڭ خىزمىتىم بار بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمىم بار بولىدۇ» دېدى ئامانىسا ئىشەنچ بىلەن. بۈگۈنكى كۈندە، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ سايباغ يېزىسى نۇرلۇق كەنتىدىن كەلگەن بۇ ياش ئايال كارخانىنىڭ سۈپەت تەكشۈرگۈچىسى ۋە تەربىيەلىگۈچىسى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئايلىق كىرىمى 3000 يۈەنگە كۆپەيدى. ئېرى قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلەيدۇ، ئايلىق كىرىمى 5000 يۈەن. بىر ئائىلە كىشىلىرى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىپلا قالماي، يەنە چۈشىدىلا كۆرەلەيدىغان باياشات كۈنلەرگە ئېرىشتى.

ئامانىسانىڭ يۇرتى قاراقاش ناھىيەسى تەكلىماكان قۇملۇقىغا يېقىن بولۇپ، كىشى بېشى تېرىلغۇ كۆلىمى 0.8 موغا يەتمەيدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)